# قومۇشتىن ياسالغان ئۆيىمىزنى ئوكشاۋاتقان ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ «بۇ نېمە ئىش؟» دېدى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى، بىز قومۇشتىن ياسالغان ئۆيىمىزنى ئوڭشاۋاتقان ئىدۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ «بۇ نېمە ئىش؟» دېدى، بىز: ئۆي ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قاپتۇ، ئۇنى ئوڭشاپ قويىۋاتىمىز-دېدۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «مەن ئىشنى بۇنىڭدىنمۇ تېزراق دەپ ئويلايمەن» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن ئۇ ئۆيىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭشاۋاتقاندا ياكى ئۇنى پۇختىلاش ئۈچۈن ئىشلەۋاتقاندا ئۆتتى. ئەبۇ داۋۇتنىڭ رىۋايىتىدە: «باغنىڭ تېمىنى سۇۋاۋاتاتتىم» دەپ كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئىشنى ئۇنىڭدىنمۇ تېزراق دەپ قارايمەن» دېدى، يەنى: مەن ئەجەلنى سەن ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆيۈڭنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئوڭشىشىڭدىنمۇ تېزراق بولامدىكىن، بەزى ۋاقىتتا ئۆي ئۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئەجىلىڭ يېتىپ قالامدىكىن دەيمەن، ئۆيۈڭنى ئوڭشاشتىن ئىلگىرى ئەمەلىڭنى ئىسلاھ قىلغىنىڭ ياخشىراقتۇر دېدى، ھەدىسنىڭ كۆرۈنىشىدىن ئۇنىڭ ئۆيىنى ئوڭشىشى بەك زۆرۈر بولمىغان ئىدى، بەلكى ئۇنىڭدا تاملىرىنى پۇختىلاش ئارزۇسى پەيدا بولغان ياكى ئۆيىنى زىننەتلەشكە مايىللىق بولغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئاخىرەتتە پايدىسى بولمايدىغان ئىشنى قىلماستىن، بەلكى ئاخىرەتنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ بەكرەك پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى دەپ بەردى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4205

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee